# 9393 - ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارنىڭ تەۋبىسى

## سوئال

بىر كىشى ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، دوختۇر ئۇ كىشىگە دىئاگنوز قويۇش ئارقىلىق ئۇ كىشىنىڭ بۇ دۇنيادا كۆرىدىغان ھاياتىدىن بىرقانچە كۈنلا قالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر قىلغان بولسا، ئۇ بىمارنىڭ بۇ ھالەتتە قىلغان تەۋبىسىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

## تەپسىلى جاۋاپ

ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارنىڭ مادامىكى ئەقلى - ھوشى جايىدا بولغان ئىكەن تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىشى كېرەك. ئىنساننىڭ ئەجىلى ئىنسانغا ھاياتلىق ئاتا قىلغان زاتنىڭ قولىدا بولۇپ، دوختۇرلار كېسەل تارىخى ۋە ئەھۋالىغا قاراپ تەخمىن قىلىپ گۇمان بىلەن ئېيتىدۇ، بەلكى ئۇ ئىنسان شىپالىق تېپىپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى مۇمكىن.
ھەتتا دوختۇر سىزنىڭ كۆرىدىغان كۈنىڭىز بىرقانچە كۈنلا قالدى دېگەن بولسىمۇ ئىككىلەنمەستىن نىيىتىنى دۇرۇس قىلىپ ئىلگىرى سادىر قىلغان گۇناھلىرىدىن پاكلىنىش ئۈچۈن تەۋبە قىلىشقا تىزدىن ئالدىرىشى كېرەك.
جانابى ئاللاھ بۇ توغرىدا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: **«ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار جانابى ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار »** نۇر سۈرىسى31- ئايەت.
يەنە بىر ئايەتتە: **«تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنى مەن ئەلۋەتتە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن»** دېگەن. تاھا سۈرىسى 81- ئايەت.
بۇ توغرىدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«جانابى ئاللاھ بەندىسىنىڭ ئەجىلى توشۇپ جان تالىشىشتىن ئىلگىرى قىلغان تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ»** .
پەزىلەتلىك شەيخ مەرھۇم شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى بازنىڭ پەتۋالار مەجمۇئەسى ناملىق ئەسىرى 9- توم 437- بېتىگە قارالسۇن.